شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىگە بوھتان چاپلاشقا يول قويۇلمايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە، يوقىتىدىغىنىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان زەھەرلىك ئۆسمە، ئېرىشىدىغىنىمىز شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلغانلىقىدەك كۆرۈنەرلىك نەتىجە.

پىتنە ـ ئىغۋانى ھەقىقىي ئەھۋال توختىتىدۇ، يالغان گەپنى پاكىت مەغلۇپ قىلىدۇ. ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»دىكى ئەپقاچتى گەپلەر ۋە بۇرمىلاپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان گەپلەرگە سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭغا بېرىپ چوڭقۇر زىيارەت قىلغان بەزى خەلقئارا زاتلارنىڭلا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 100گە يېقىن دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئەمەلدارلار، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ھەمدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرى قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم (ئۆمەك، گۇرۇپپا)، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. بىلىملىك زاتلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا قوش ئۆلچەم قوللانماسلىق، بولۇپمۇ خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيلىقتا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا خىلاپلىق قىلىپ قەستەن بۇرمىلىماسلىق كېرەك. ئامېرىكىمۇ تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى، شۇڭا جۇڭگو تەرەپ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى چۈشىنىشى ۋە قوللىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى ۋە قەتئىي قارشىلىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

دانالار ئۆزىنى بىلىدۇ، ئۆزىنى بىلگەنلەر ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپنى ئۆزىنىڭ تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، سىستېما خاراكتېرلىك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك قايتا ئويلىنىشقا، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ ھەممە يەردە كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلاپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلماسلىققا دەۋەت قىلىمىز، بۇنداق قىلىۋەرسە ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ تۆكىدۇ، ئاخىرىدا جەزمەن ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوت كۈچىنى تولۇق ئېچىپ، جاسارەت بىلەن ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كالتىكى»نى ئېلىپ ياخشى يۈگۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مەزگىلدە، نۇرلان ئەبلەمجىن بازار ـ يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى، شېكەركۆل بازىرىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش تۈرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى، نان كەسپى باغچىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئېتىز بېشىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس تېمىدا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، نۇرلان ئەبلەمجىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قولدا تۇتۇپ، زىممىگە ئېلىپ، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئاساسنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇش جەھەتتە باش قاتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مەسىلىنى ھەل قىلىش» ۋە «تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش»تىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دۆلەت بېكىتكەن نامرات ناھىيەلەرنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش، نامرات كەنتلەرنى تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىش، نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ، تۈرمۇتۈر، ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، چۈشۈپ قالغاننى تەكشۈرۈپ، كەم قالغاننى تولۇقلاپ، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرۈشۈشىنى ئاسراش، مۇلازىمەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش تۈرلىرىنىڭ تارماق قۇرۇلۇشى، مۈلۈك باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ئىشنى پۇختا قىلىپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ جانلىق دەرسلىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەخسۇس تۈر بويىچە كۆزىتىش ۋە «قايتا قاراپ چىقىش» قاتارلىقلاردا بايقالغان مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە «بىر كەنتكە بىر لايىھە بولۇش» «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر بولۇش»تا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، تۈزەش، پۇختىلاش، ئۆستۈرۈش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، نىشانلىق ئوق ئېتىپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرمۇ ئاممىنى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا قەتئىي سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

ئامېرىكا ــ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈشكۈرتكۈچىسى

□ ساۋ ۋېي

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» رەسمىي تۈردە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى يەنە ئاتالمىش «ئۇيغۇر مىللىتىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھەسى»نىڭ ماقۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. ئامېرىكا پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى يولسىزلارچە ئەيىبلىدى ۋە ھۇجۇم قىلدى ھەم دۆلەت ئىچىدە قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىگە ئارىلىشىشىنى دائىملاشتۇردى. بۇ ھەم ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مۇستەقىل سىياسىتىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىر خەتەرلىك سىگنالى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىدىكى ئەڭ يېڭى نەيرىڭى. شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيەسىدە مۇھىم، زور تەڭشىلىش بولغان ھەم ئامېرىكا جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچىسى قاتارىغا كىرگۈزگەن چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئامېرىكىنىڭ ھازىر خەلقئارادا ئاتالمىش «شىنجاڭ كوزىرى»نى بارغانسېرى كۆپ ئوينىتىشى جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك ئىش بولۇپ، شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش ئىستراتېگىيەلىك غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نىڭ بايانى

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقى» قارىلىمىسىنى ھە دەپ ئوينىتىپ، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى، ھەمدە دۆلىتىمىز شىنجاڭدا قانات يايدۇرغان نورمال ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى (مەسىلەن: «غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش»)نى ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى» دەپ بۇرمىلىدى. ھەممىدىن ئايانكى، ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىزچىل شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈپ چىقىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئىدىيەۋى ئاساس، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ۋاستە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بىگۇناھ ئاممىنى ياۋۇزلارچە ئېچىنىشلىق ئۆلتۈردى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى چوڭ ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى» دە «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرى «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» دەپ پەردازلاندى، ئۇلار سادىر قىلغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستى»، بۇلار شۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان جۇڭگونىڭ «زوراۋانلىق سىياسىتى» ۋە «مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى»غا قارشىلىق كۆرسىتىش، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، دىنىي ئەركىنلىك ۋە «مۇستەقىللىق»نى قولغا كەلتۈرۈش، دەپ بۇرمىلاپ ئالاھىدە بايان قىلىندى.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا پات ـ پات كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى، دىنىي ئەركىنلىكنى دەستەك قىلىپ، خەلقئارادا شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە «ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان» مېھىر ـ شەپقەتلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، چەت ئەلدىكى ئاشۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇرلار ۋەكىلى» بىلەن قاش ـ كۆز ئوينىتىشىپ، نۇرغۇن خەلقئارا سورۇنلاردا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن «ھەق گەپ قىلغان»دەك بولۇۋېلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيدىغان بەزى ئاق كۆڭۈل زاتلارنى خېلىلا ئالدىدى. قېنى سوراپ باقايلى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئامېرىكا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلۈپ باقتىمۇ؟ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نەچچە مىليون ھەر مىللەت ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقاندا ئامېرىكا ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن بىر پۇڭ سەرپ قىلىپ باقتىمۇ؟ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدە قازا قىلغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلارنى كۆرگەندە، ئامېرىكا زەررىچە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باقتىمۇ؟ ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشىدا ماھىيەتتە ئىش باشقا مەقسەت باشقا بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نى قوللاش ئارقىلىق جۇڭگونى مالىمان قىلىش، شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك يامان غەرىزى ھەممىگە ئايان.

ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولغان شەرمەندە تارىخى

تارىختا، ئامېرىكا بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندا ئالاھىدە مەنپەئەت تەلىپىمۇ بولمىغاچقا، ئامېرىكا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئۈنۈملۈك يولى ۋە ۋاستىسى كەمچىل بولغاچقا، شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان. بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش ئېھتىياجى بىلەن، شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش سالمىقىنى تېز ئاشۇردى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈردى ھەمدە ناھايىتى تېزلا «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق كۈشكۈرتكۈچىگە ئايلاندى. تارىختا ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھەمدە دۆلەت مەجلىسى رەھبەرلىرى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن؛ «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرىنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن ياكى ئۇلارغا تۈرلۈك نامدىكى كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بېرىشنى قوللىغان، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى ۋە ئادەملىرىنى مەبلەغ مەددىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئىككى قولى قانغا بويالغان ئاشۇ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى ئۇنسۇرلىرىنى جۇڭگونىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان؛ ئامېرىكا ئاۋازى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق تاراتقۇلاردا ئۇيغۇرچە پروگرامما تەسىس قىلىپ، شىنجاڭغا قارىتا ئەكسىل تەشۋىقات قىلىش ئارقىلىق سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ تەسىرىدە، ئامېرىكا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە ئاقىللار ئامبىرىمۇ شىنجاڭنى تەتقىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدا سىياسەت، تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاتالمىش مەسلىھەت ۋە تەكلىپ بىلەن تەمىنلىگەن.

2018 ـ يىلىدىن بۇيان، ئامېرىكا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، مەمۇرىي دائىرىلەردىن تارتىپ قانۇن چىقىرىش تارماقلىرىغىچە، ئاخبارات ئاممىۋى پىكىردىن تارتىپ تۈرلۈك ئاقىللار ئامبىرىغىچە، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى ئۈزلۈكسىز كۆپتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە ھۇجۇم قىلدى، ھۇجۇم قىلىشتىكى مەركىزى نۇقتا شىنجاڭ پائال ئىزدىنىۋاتقان، ئۈنۈملۈك بولغان «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» تەدبىرى ــ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولدى، ئامېرىكا قەستەن ئۇنىڭغا «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» «جازا لاگېرى» قاتارلىق بوھتانلارنى چاپلاپ، خەلقئارادىكى ئاشۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ئەينى يىللاردىكى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلغان جازا لاگېرى بىلەن باغلاپ، ئۇلاردا خاتا باغلىنىش ۋە باغلانما ئوي ـ پىكىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا يەنە دۆلەت ئىچىدە دۆلەت پەرقى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ۋە دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنى ئېلان قىلىش ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭ قارالمىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قوزغاش ۋە تەشكىللەش، ھەتتا شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقى قارالمىسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئارقىلىق «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم خەۋپى

ئامېرىكا «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ كۈشكۈرتكۈچىگە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىغا قاتناشقان سۇبيېكتلار زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى قاتارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن تارتىپ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى قاتارلىق قانۇن چىقىرىش ئەمەلدارلىرىغىچە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلاردىن تارتىپ ئاقىللار ئامبىرى، تاراتقۇلارغىچە بولۇپ ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئورتاق كۈچەيدى. كىلىنتون، كىچىك بۇش، ئوباما، گور قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ كۆپ ساندىكى زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ كاتتىباشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مايك پېنسى خادسون تەتقىقات ئورنىدا جۇڭگو سىياسىتى توغرىسىدا ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىگەندە ئەيمەنمەستىن شىنجاڭنى ئەيىبلىگەن؛ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئومۇ ئىلگىرى خېلى كۆپ سورۇنلاردا ئاتالمىش شىنجاڭدىكى «زەربىگە ئۇچرىغان زاتلار» بىلەن كۆرۈشكەن ھەم خېلى كۆپ سورۇنلاردا شىنجاڭنىڭ «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» ۋە تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ھۇجۇم قىلغان. 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ بازارغا سېلىنغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» بولسا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى جۇڭگوغا قارشى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ «نادىر ئەسىرى». شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا تاراتقۇلىرى ۋە ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقات دوكلاتىمۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان نۇرغۇن گۇمان ۋە تەنقىدلەر بىلەن تولغان بولۇپ، تۈرلۈك ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلار تېخى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە مەددەت بېرىشىدىكى ۋاستىچى بولدى.

ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش شەكلى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ مەددەت بېرىشتىن تارتىپ خادىملارنى تەربىيەلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە، دۆلەت پەرقى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ياكى دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنى ئېلان قىلىشتىن تارتىپ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى چىقىرىشقىچە بولۇپ، تۈرلىرى كۆپ، ھەددى ـ ھېسابسىز. ئامېرىكا «دۇنيا ئۇيغۇرلار قۇرۇلتىيى» «ئامېرىكا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى» «شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتى» قاتارلىق شىنجاڭ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىدا بازا قۇرۇشىغا يول قويۇپ ۋە مەددەت بېرىپ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا زور قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ئارقىلىق بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى ھەم خادىم تەربىيەلەشتە قوللىدى. ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق ئىقتىسادىي ياردەم تۈرى ئىچىدە، شىنجاڭ بىلەن جۇڭگونى تەڭ ئورۇنغا قويۇپلا قالماي، يەنە تەمىنلىگەن ئىقتىسادىي ياردەم سوممىسى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. پەقەت 2015 ـ يىلىلا، ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ «ئامېرىكا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇرلار قۇرۇلتىيى»نى تەمىنلىگەن مەبلىغىلا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 295 مىڭ دوللار ۋە 260 مىڭ دوللارغا يەتتى.

ئامېرىكا يەنە غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنى شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە ئۆزى بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇشقا ۋە ئاۋاز قوشۇشقا قۇترىتىپ، غەربنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىكى خەلقئارا سۆز ھوقۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى قايمۇقتۇردى ھەم جۇڭگونى جاۋابكار ئورۇنغا قويۇشقا ئۇرۇندى. 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئامېرىكا 15 دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبىرىگە بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىش ھەم «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بولغان ئەندىشىسى»نى ئىپادىلەشكە كۈشكۈرتتى؛ 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامېرىكا يەنە 24 دۆلەتنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى تەنقىدلەشكە قۇتراتتى؛ 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقاتخانىسى ئېلان قىلغان دوكلاتتا «جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلىدى» دېيىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا يەنە «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقى» قارالمىسىدىن پايدىلىنىپ «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدا دۆلىتىمىزگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى تارقىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كاشىلا قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خەۋپى كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە. بىرىنچى، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەسەبىي ئۇنسۇرلار، تېررورچى ئۇنسۇرلارغا خاتا سىگنال بېرىپ، ئۇلارنى شىنجاڭدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور كۆلەمدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى قوزغاشقا قۇترىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سالدى، يەنە تېخى دۆلىتىمىزنىڭ زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇق پۈتۈنلۈكىگە يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلدى. ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەردە «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك قارالمىلىرىنى خەلقئارادا ئۈزلۈكسىز كۆپتۈرۈپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق، كەلگۈسىدە يەنە ئالاقىدار قارالمىلارنى تېخىمۇ ئاكتىپ كۆپتۈرۈپ خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلەيمىز» دېگەن خاتا تونۇشنى پەيدا قىلدى. ئۈچىنچى، 2 ـ قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى، ئەمما ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاشىلا بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دەخلى قىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

«نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىش» تەپەككۇرىدا، ئامېرىكا ئۇزاق مەزگىل ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقى قارالمىسى»دىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى ئۈزلۈكسىز خەلقئارالاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئىشلىرىغا ئېغىر كاشىلا بولۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى خەلقئارا مۇھىتنى ناچارلاشتۇرۇشقا، جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. بۇ قېتىم، ئامېرىكىنىڭ «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى يەنە بىر قېتىملىق خەتەرلىك ھەرىكىتى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى بىلىملىك زاتلار ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنىغا ئاساسلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشتەك يولسىز قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

(ئاپتور: ساۋ ۋېي، لەنجوۇ داشۆسى سىياسىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆيۈەنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى، مائارىپ مىنىستىرلىقى رايون ۋە دۆلەت پەرقى تەتقىقات يېتىشتۈرۈش بازىسى لەنجوۇ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى)

(6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان)